# 104812 ـ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمى دوكلات ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىپ بېرىش توغرىسىدا

### سۇئال

مەن سىلەرنىڭ تور بەتتىن: ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈن پۇل ئېلىپ ئىلمى دوكلات تەييارلاپ بېرىشنى هارام دېگەن پەتۋانى ئوقۇدۇم، لېكىن مېنىڭ سوئالىم: ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلمى دوكىلاتنى باشقا كىشىلەرنىڭ يېنىدا تەييار قىلدىغانلىقىنى، ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇ دوكىلاتنى ئېنتېرنېتتىن چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. بەلكى بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا: بۇ دوكىلاتنى ئېنتېرنېتتىن ئىلىڭلار دېسە، مۇشۇنداق هالەتتىمۇ بۇ ئىش هارام بولامدۇ؟. چۈنكى مەن ئىلگىرى ئوقۇغۇچىلار ئۆچۈن شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتىم، بۇ پەتۋانى ئوقۇغاندىن كېيىن مەزكۇر ئىشتىن قول يىغدىم؟.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاهقا خاستۇر، پەيغەمبەرئەلەيهىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساهابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولدا ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاهنىڭ رەهمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئوقۇغۇچىلاردىن ئىلمى دوكلات ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى تەلەپ قىلىشتىن بولغان مەقسەت، ئۇلارنى ئىلمى ماقالە يېزىشقا كۆندۈرۈش، ئىلمى قۇۋۋىتىنى سىناش ۋە بىر نەرسە يازغاندا ئىلمى مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلارنى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆزى قىلىشى كېرەك بولىدۇ. باشقىلارنىڭ ئوقۇغۇچىغا ئۇ ماقالىنى پۇلغا ياكى بىكارغا بولسۇن تەييار قىلىپ بېرىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنىڭدا، ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەسلى مەنبەلەردىن پايدىلىنالمايدىغان ساپاسىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بارلىققا كىلىدۇ.

ئوقۇغۇچى باشقىلارنىڭ ماقالىسىدىن پايدىلانسا، ئېنتېرنېتتىن ئالسا، بەزى مەسىلىلەردە ساۋاقداشلىرىدىن ياردەم ئالسا توغرا بولىدۇ، تەتقىقاتچىلارنىڭ هەممىسىنىڭ ئىشى شۇنداق بولىدۇ، ئەمما ماقالىنىڭ هەممىسىنى باشقىلاردىن ئېلىش، مەيلى ساۋاقدىشىدىن ئالسۇن ياكى ئېنتېرنېتتىن ئالسۇن بۇ ئوخشاشلا ئالدامچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىقتۇر، بۇنىڭغا كۆز يۇمغان ۋە رىغبەتلەندۈرگەن ئوقۇتقۇچىمۇ خاتالىقتا ئورتاق بولغان بولىدۇ. 95893 ـ نومۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

سىز ئوقۇغۇچىلارغا ئىلمى ماقالە يېزىپ بېرىدىغان بۇ ئىشتىن توختاپ ياخشى قىلىپسىز، ئاللاه تائالادىن سىزنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلىشىنى، قىلغان ئىشلىرىڭىزغا ئەجىر ـ ساۋاپ ئاتا قىلىشىنى، هالالدىن كەڭ ـ تاشا رىزىق بېرىشىنى سورايمىز.

هەممىدىن توغرىنى ئاللاه تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.